# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تېزىسى»نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تېزىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تېزىس» دېيىلىدۇ)نى تەشكىللەپ تۈزدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇنداق قارىدى: «تېزىس»تا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق شەرھلەنگەن بولۇپ، بۇ ئىدىيەنىڭ ئاساسىي روھى، ئاساسىي مەزمۇنى، ئاساسىي تەلىپىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش، ئىگىلەشكە پايدىلىق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «تېزىس» (مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بىرتۇتاش بېسىپ تارقاتقان)نى بېسىپ تارقىتىپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشىدىكى مۇھىم ياردەمچى ئوقۇشلۇق قىلىشقا قوشۇلدى.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لار قەتئىي بوشاشماي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇشى، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى ئەسلىي ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇشقا، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىشكە، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشكە تەشكىللەشى ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «تېزىس»نى ئۆگىنىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپ شەكىللىك، قاتلاملارغا ئايرىلغان، تولۇق قاپلىغان ئۆگىنىش، تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈش، كۆپ ئويلاش، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇ ئىدىيەنىڭ دەۋر ئەھمىيىتى، نەزەرىيە ئەھمىيىتى، ئەمەلىيەت ئەھمىيىتى، دۇنياۋى ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى، ئەمەلىيەت تەلىپىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى؛ سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك، ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇ ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، شەيئىلەرنىڭ ھادىسىسىنى بىلىپ، شۇنداقلا شەيئىلەر ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتىنى پەيدا بولۇش سەۋەبىنى بىلىپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى؛ بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا بۇ ئىدىيە ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەققىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

كەڭ ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە يەنىمۇ چوڭقۇر ئورنىشى، ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك.

# شى جىنپىڭ قىرغىزىستان، تاجىكىستاندا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ ھەم شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنىغا، ئاسىيا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى راخمانىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە دۈشەنبەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاسىيا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەم تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ.

# ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى تەرتىپلىك ئاخىرلاشتى

مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2019 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى تەرتىپلىك ئاخىرلاشتى. ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىمتىھانغا ئالاقىدار خىزمەتچى خادىملار مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلدى، ئۆلچەملىك مەشغۇلات ئېلىپ باردى، ئىمتىھان مەيدانى تەرتىپلىك، تەشكىللىنىشى رەتلىك بولدى، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇش ۋەقەلىرى ۋە ئىمتىھان مەيدانىدا چوڭ كۆلەملىك، تەشكىللىك كۆز بوياماچىلىق قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەرمىدى.

ئىگىلىنىشچە، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مائارىپ، ئىمتىھان، ئىمتىھان ئىشلىرى قوماندانلىق مەركىزىدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى 76 ئىمتىھان رايونىنىڭ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىشخانىسىدا نۆۋەتچىلىك قىلىش، ھەرقايسى ئىمتىھان نۇقتىلىرىنىڭ ئىمتىھان باشلاش، ئىمتىھاننى تەشكىللەپ يولغا قويۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرگەن ھەم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئالدىنقى سەپكە چۈشۈپ قوماندانلىق قىلىپ، ئىمتىھان رايونلىرىغا، ئىمتىھان نۇقتىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، ئىمتىھاننى نازارەت قىلىپ ـ تەكشۈرۈپ، ئىمتىھان جەريانىدىكى گەۋدىلىك قىيىنچىلىقلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلغان؛ ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مائارىپ، ئىمتىھان مۇھىتىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش بىرلەشمە يىغىنى ھەم تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزا ئورۇنلىرى بىرلەشمە مۇداپىئە كۆرۈپ، بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىپ، بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، ئىمتىھان قەغىزىنىڭ بىخەتەرلىكى، مەخپىيەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ بىخەتەر ۋە تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلغان؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، تور ئۇچۇر ئىشخانىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى قاتارلىق ئەزا ئورۇنلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى خادىملار بىرلەشمە ئىش بېجىرىپ، نەق مەيداندا قوماندانلىق قىلىپ ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئىمتىھان مەزگىلىدىكى تۇيۇقسىز، تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە ئادىل، ھەققانىي ئىمتىھان مۇھىتى يارىتىپ بەرگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتناش ـ يول يۈرۈش، شاۋقۇننى تۈزەش، سەھىيە ـ يۇقۇم مۇداپىئەسى، تەشۋىقات ـ مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈنىۋېرسال كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئىنچىكە، ئەتراپلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەن. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز 97 نەپەر مېيىپ ئىمتىھان بەرگۈچىنى چوڭ خەتلىك ئىمتىھان قەغىزى، ئايرىم ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىش، ئىمتىھان ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بېرىش، ئاڭلاش ئىقتىدارى ئىمتىھانىنى كەچۈرۈم قىلىش، ئىمتىھان مەيدانىغا ئالدىن كىرىش، ئاۋدىفون تاقاش قاتارلىق مۇۋاپىق قولايلىقلار بىلەن تەمىنلىگەن؛ بىر نەپەر ئەمالار يېزىقىدا ئىمتىھان بەرگۈچىنى ئەمالار يېزىقى ئىمتىھان قەغىزى بىلەن تەمىنلىگەن؛ ئىمتىھاندىن بۇرۇن تاسادىپىي يارىلانغان ياكى يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان 86 نەپەر ئىمتىھان بەرگۈچىنى ئايرىم ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىش، داۋالاش خادىملىرى ھەمراھ بولۇش قاتارلىق ئادىمىيلىكلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەن. ھەرقايسى جايلاردىكى مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش كارخانىلىرى، مېھرىبان زاتلار ئىمتىھان مەيدانىغا ئايرىپ قويۇش، سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش، يېزىق قۇراللىرى سوۋغا قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بەس ـ بەستە ئىمتىھانغا مەدەت بېرىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىللىق، ئىناق ئادىمىيەت غەمخورلۇقىنى ئىپادىلىگەن.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

# جۇڭتەي گۇرۇھى يېشىل كەسىپ تەرەققىياتىنى تولۇق جانلاندۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باغراش كۆلى قومۇش كەسپى تىلغا ئېلىنسا، شۇ يەردىكى نۇرغۇن كىشى ھاياجانلىنىدۇ. باغراش كۆلى قومۇش كەسپى ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ قەغەز ياساش ساھەسىدىكى سەركە كارخانا، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا ئىدى، 2014 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئىلگىرى روناق تاپقان بۇ كارخانا ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى، ئارقىدىنلا ۋەيران بولدى.

قومۇش تەبىئەت دۇنياسىدىكى يۇندى تىزگىنلەش «ماھىرى»، باغراش كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى قومۇش سۇلۇق يەر كۆلىمى 600 مىڭ موغا يېتىدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر قومۇشنى ۋاقتىدا ئورۇپ يىغمىغاندا، قومۇشنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىپ، قومۇش يوپۇرمىقى قاتارلىقلار سۇدا سېسىپ، سۇدا ئوزۇقلۇقنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلاردا غايەت زور ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن خەۋپى بار. باغراش كۆلى قومۇش كەسپى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ، قومۇش تۆت يىل ئورۇپ يىغىۋېلىنمىغانلىقتىن، باغراش كۆلىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىغا كۆپلىگەن يوشۇرۇن خەۋپ ئېلىپ كەلدى.

جۇڭتەي شىڭۋېي زاۋۇت رايونى بىلەن بولغان ئارىلىقى نەچچە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان باغراش كۆلى ئاخۇڭكوۋ مەنزىرە رايونى ئەتراپى جۇڭتەي شىڭۋېينىڭ ئاخۇڭكوۋ قومۇش مەيدانى ئىدى. 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتە، قومۇش مەيدانىدا ماشىنىلار گۈركىرەۋاتاتتى — ئىشچىلار ئالدىراش ھالدا ھەر 200 نەچچە كىلوگىرام قومۇشنى بىر باغلام قىلىپ باغلىغاندىن كېيىن، نومۇر سېلىپ رەتلىك تىزىۋاتاتتى. قومۇش مەيدانىدا، ئىككى ـ ئۈچ ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى قومۇشلارنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى. قومۇش مەيدانىنىڭ مەيدان باشلىقى چېن دى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئوراپ ـ قاچىلىنىپ نومۇر سېلىنغان قومۇشلارنى خالىغان ۋاقىتتا زاۋۇت رايونىغا توشۇپ ئاپىرىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشكە بولىدۇ. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بۇ قومۇش مەيدانى 8000 توننىغا يېقىن قومۇش ئورۇۋالدى. ئىشلەپچىقىرىش جانلانغان مەزگىلدە، ھەر كۈنى 600 توننا ئەتراپىدىكى قومۇش توشۇپ چىقىرىلدى.

ئىلگىرى، بۇلغىنىشنى تۈزەش باغراش كۆلى قومۇش كەسپىدىكى بىر قىيىن ئۆتكەل ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭتەي شىڭۋېي مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار بولغان ئۇدا ھورداش قومۇش بوتقىسى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى قوللاندى ھەم ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تۈزەش، قاتتىق تاشلاندۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىش، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى سېلىنما سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مۇھىت ئاسراش تەلىپىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، كېرەكسىز نەرسىلەرنى گۆھەرگە ئايلاندۇرۇپ، مۇھىت ئاسراش بىلەن قومۇش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۈگۈننى يەشتى.

## كەسىپ زەنجىرى ئۇزارتىلدى، قومۇش توغرىسىدا ئېسىل ھېكايىلەر سۆزلەندى

جۇڭتەي شىڭۋېينىڭ يىغىن زالىدىكى ئۈستەلگە گۈل تىزىلماستىن، بەلكى قومۇش تىزىلغانىدى.

سۇڭ جىمىن باغراش كۆلى قومۇش كەسپىدىكى «پېشقەدەم»لەرنىڭ بىرى بولۇپ، قومۇشقا ئائىت ھېكايىلەرنى ناھايىتى تەسىرلىك سۆزلەيدۇ.

«قومۇش ھاياتى كۈچكە ئىگە كەسىپ» دېدى ئۇ.

جۇڭتەي شىڭۋېينىڭ ھازىر قىلىدىغىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن بايلىق قېزىپ، قومۇشنىڭ كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش، يەنىمۇ ئۇزارتىش.

بۇ شىركەتنىڭ چوڭ زالىدىكى قومۇش مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە رايونىدا، قومۇش بوتقىسىدىن ياسالغان ھەر خىل تۇرمۇش قەغىزى، قومۇشتىن ياسالغان ھەر خىل ئەسۋابلار ھەمدە قومۇش نەي، قومۇش رەسىم، قومۇش پۆپۈكلۈك ساقلىقنى ساقلاش ياستۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار.

بۇ، قومۇش توغرىسىدىكى ھېكايىنىڭ پەقەت بىر قىسمى، جۇڭتەي شىڭۋېي قومۇش كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتماقتا. مەسىلەن، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردىكى كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ، قومۇشتىن ياسالغان پەردە قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلدى؛ سىچۈەن بامبۇك پىلىكى كەسپىدىن تەجرىبە ئۆگىنىپ، قومۇش توقۇمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇردى، ھەتتا قومۇش پەردىسىدىكى ئۈنۈملۈك تەركىبلەرنى ئايرىپ ئېلىپ، قان توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش رولىغا ئىگە دورا قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى.

قومۇش كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش تىرىشچانلىقى يەنە مەنبەگە قاراپ ئۇزارتىلماقتا. جۇڭتەي شىڭۋېي ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش، قومۇش مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قومۇش سورتىنى يېتىشتۈرۈش، سۇنئىي ئۇسۇلدا تېرىش جەھەتلەرگە مەبلەغ سالدى. شۇنداقلا قومۇش ئورۇشنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كارخانىلار بىلەن كېلىشىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ئورتاق ھەل قىلدى.

«قومۇشنىڭ ھەممىلا يېرى گۆھەر، بىزنىڭ قومۇشتىن پايدىلىنىشىمىز تېخى بەكلا يېتەرلىك ئەمەس» دېدى سۇڭ جىمىن.

بۇ يىل 5 ـ ئايدا، جۇڭتەي شىڭۋېي بىلەن گېنلىدو بىيوپەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى كېلىشىم ئىمزالاپ، ئورتاق تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان بىيو ئورگانىك ئوغۇتنىڭ رەسمىي زاۋۇتتىن چىقىرىلىشى بىلەن، باغراش كۆلى قومۇش كەسپلەر زەنجىرى يەنىمۇ ئۇزارتىلدى.

## باغراش كۆلى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يېشىل كەسپلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى

تۇمان دولقۇنلىرىدىكى بىپايان باغراش كۆلى جۇڭگودىكى تۆت چوڭ قومۇش رايونىنىڭ بىرى.

كېمىگە ئولتۇرۇپ قومۇشلۇقتىن كېسىپ ئۆتكەندە، ئىككى ياندىكى قومۇشلار ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئىسمىنى بىلمەيدىغان قۇشلار قومۇشلۇق ئىچىدە شوخ ۋىچىرلايتتى.

«بۇ يىل قومۇشلار ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن ياخشى ئۆستى» دېدى شىنجاڭ باغراش كۆلى ئېكولوگىيەلىك بېلىقچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى دىڭ كەي.

سۇنئىي ئۇسۇلدا قومۇش يېتىشتۈرۈشتىن باشقا، جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ ئېكولوگىيەلىك بېلىقچىلىق تەرەققىيات ۋەزىيىتى كۈچلۈك بولدى.

باغراش كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتى سۈزۈك، پاكىز بولۇپ، ئەتراپىدا بۇلغىنىش مەنبەسى يوق، ھەر خىل تاتلىق سۇ بېلىقى كۆپ چىقىدۇ، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى.

«بېلىجانلار كۆلگە قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ھېچقانداق سۇنئىي يەم بېرىلمەيدۇ، ‹ئادەملەر قويۇپ بېرىش، زېمىن بېقىش› يولغا قويۇلغان بولۇپ، تەبىئىي ئۆسۈپ يېتىلىش ۋاقتى ئۈچ يىلدىن تۆۋەن بولمايدۇ، بېلىقنىڭ يېشىل ئورگانىك سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ» دېدى دىڭ كەي تونۇشتۇرۇپ.

ھازىر، باغراش كۆلىدە سازلىق گۈڭگۈي بېلىقى، ئاق ئامۇر بېلىقى، لاققا بېلىق، قىزىل ئوكۇن بېلىقى قاتارلىق سۇنئىي ئۇسۇلدا بېقىلىدىغان ۋە تەبىئىي كۆپىيىدىغان 30 نەچچە خىل تاتلىق سۇ بېلىق تۈرى يېتىشتۈرۈلۈۋاتىدۇ. 2017 ـ يىلى، جۇڭتەي گۇرۇھى مەبلەغ سېلىپ، باغراش كۆلى بېلىقچىلىقىنى ئۆزىنىڭ پاي كونترول بالا شىركىتىگە ئايلاندۇردى، بۇ شىركەت باغراش كۆلىنىڭ 30 يىللىق بېلىقچىلىق بايلىقىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە، يېشىل قۇيرۇقلۇق راك، قارا بېلىق، قىزىل ئوكۇن بېلىقى، لاققا بېلىق، خاپان باش بېلىق، تاپانبېلىق، ئاق ئامۇر بېلىقى، كارپ بېلىقى، تۈكلۈك قىسقۇچپاقا، سازلىق گۈڭگۈي بېلىقىدىن ئىبارەت ئون خىل بېلىقچىلىق مەھسۇلاتى نەنجىڭ گوخۇەن ئورگانىك مەھسۇلات ئېتىراپ قىلىش مەركىزىنىڭ ئورگانىك ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشتى.

ھازىر، باغراش كۆلى بېلىقچىلىقىنىڭ «باغراش تەمى» «باغراش ئەسلىمىسى» «ناشتىلىق بېلىق» «چۈشلۈك غىزا بېلىقى» «لاجىۋاسى ياۋا بېلىق» قاتارلىق كۆپ سورتلۇق ياۋا بېلىق كونسېرۋا مەھسۇلاتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بازارغا سېلىندى. كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، بېلىجانلارنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش، سۇنئىي ئۇسۇلدا بېقىش، تېخنىكا كېڭەيتىش، بېلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ئىستىراھەت بېلىقچىلىقىنى بىر گەۋدە قىلغان چوڭ تىپتىكى بېقىش، پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇتۇش بازىسى شەكىللەنمەكتە.

ھازىر، جۇڭتەي گۇرۇھى بىلەن باينغولىن ئوبلاستى شىخەي سۇ ئىشلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئورتاق مەبلەغ چىقىرىپ تەسىس قىلغان شىنجاڭ جۇڭتەي بويۇەن سۇ ئىشلىرى پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ بىرنەچچە سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تۈرلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا.

جۇڭتەي شىڭۋېي شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى دى جۈن مۇنداق بىلدۈردى: «بۇنىڭدىن كېيىن، بىز باغراش كۆلىنىڭ يېشىل كەسپلىرىنى زورايتىش، كۈچەيتىشنى زىچ چۆرىدەپ، زۇمرەت دولقۇن ئىچىدىكى بىپايان باغراش كۆلىنى چۆرىدەپ، بىر تال قومۇشتىن تارتىپ بىر تال قەغەزگىچە، بىر تال ياۋا بېلىقنى كۆلدىن ئۈستەلگە چىقىرىشقىچە بولغان ھېكايىلەرنى ياخشى سۆزلەپ، يېشىل كەسپلەر زەنجىرى ۋە مەڭگۈ داۋاملىشىپ تەرەققىي قىلىدىغان ئېكولوگىيە چەمبىرىكىنى شەكىللەندۈرىمىز».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زۇڭزىغا بولغان مۇھەببەت ناخشىسى. نەشپۈتلۈك باغنىڭ خۇش پۇرىقى، «خۇشال بازاردا شادلىققا چۆمۈش» ... ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بايرام مەزگىلىدىكى مەدەنىيەت، ساياھەت پائالىيەتلىرى كۆزنى چاقناتتى. 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى جەمئىي كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 1 مىليون 252 مىڭ 700 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 92.43% ئاشتى؛ ئىشقا ئاشۇرغان ساياھەت كىرىمى 1 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 93.55% ئاشتى.

ئاقسۇ ۋىلايىتى «دولانلىقلار بىلەن دۇەنۋۇ بايرىمىنى بىللە ئۆتكۈزۈش»، توقسۇ قۇملۇق خۇاخەي مەنزىرە رايونى شىنجاڭ بويىچە چېلىشىش ماھىرلىرى تەكلىپ مۇسابىقىسى قاتارلىق 12 تۈرلۈك دۇەنۋۇ بايرىملىق مەدەنىيەت، ساياھەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. دەم ئېلىش مەزگىلىدە، جەمئىي كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 297 مىڭ 600 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 57.2% ئاشتى؛ ئىشقا ئاشۇرغان ساياھەت ئومۇمىي كىرىمى 74 مىليون 298 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 58.1% ئاشتى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى «دۇەنۋۇدىكى زۇڭزىغا مۇھەببىتى ئەجدىھا قولۋىقى مۇسابىقىسى» مەدەنىيەت، ساياھەت يۈرۈشلۈك پائالىيىتى، جۇڭگو تېز سۈرئەتلىك ئات بەيگىسى ئاشكارا مۇسابىقىسى (مورى بېكىتى) قاتارلىق بىر يۈرۈش مەدەنىيەت، ساياھەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش مىقدارى ۋە ساياھەت كىرىمىدە قوش ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، سانجى ئوبلاستى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 258 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 45% ئاشتى؛ ساياھەت ئومۇمىي كىرىمى 400 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 49% ئاشتى. 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 260 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 48% ئاشتى؛ ساياھەت ئومۇمىي كىرىمى 440 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 52% ئاشتى.

جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان دۇەنۋۇ بايرىملىق تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيەتلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا ئېرىشكەندىن باشقا، ئائىلە ئاپتوموبىلى ساياھىتى، مېۋە ئۈزۈش ساياھىتى، يېزا ـ كەنت ساياھىتى، تەنتەربىيە ساياھىتى قاتارلىق ساياھەت يېڭى كەسپ ھالەتلىرىمۇ ساياھەتچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.